

رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (3)

# ماختانچاقنىڭ ئاقىۋىتى

تەييارلىغۇچى: ماھنۇر ئۇيغۇر

UYGUR.COM



ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، ئاۋات بىر تاغ ئورمانلىقىدا

خىلمۇخىل ھايۋانلار ئىجىل ئىناق ياشايدىكەن.



ئەمما، يولۋاس، دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغاندىن كېيىن،
ئالدىغا ئۇچرىغاننى يەپ، خالىغىنىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېرىپتۇ.



ھايۋاناتلار تەرەپ تەرەپكە قېچىپ كېتىپ، ئورمانلىقتا يولۋاسنىڭ ۋەزىرى تۈلكىلا يالغۇز قاپتۇ.

تۈلكە ئۆز ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپتۇ.



ئۇ، يولۋاسنىڭ ماختىنىشىنى ياختۇرىدىغان خۇي پەيلىنى بىلگەچكە:

ـ ئۆزلىرىنىڭ بوۋىسى يولۋاس غوجام، ـ دەپتۇ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، ـ قامەتلىك، باتۇر ئىدى، شىكارغا تولا چىقاتتى...





تاغقا تاغدىن ۋاقىتتا خالىغان...
سەكرەپ، باتۇرلۇقىنى مەشىق قىلاتتى.
ئۆزلىرىنىڭ خۇي پەيلىمۇ يولۋاس غوجامغا
ئوخشاپ كېتىدۇ.



ـ هم، بەللی ـ بەللی! ـ دەپتۇ یولۋاس خۇشاللغدىن كېرلسپ، ـ بوۋامنىڭ پەزلەتلرىنى نىمە ئۆچۆن ماڭا بالدۇرراق سۆزلەپ بەرمدىڭ؟

ـ ئۇلۇغ شاھىم، ـ دەپتۇ تۈلكە ئىككى پۈكلىنىپ، ـ ئۆزلىرىدىن تەپ تارتىپ سۆزلىمىگەن ئىدىم.





...«ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بالىسى باسىدۇ» دىگەن ماقال بار، سىلىمۇ بوۋىلىرىنىڭ ماھارىتىنى مەشىق قىلىپ تۇرسىلا.



ماختانچاق يولۋاس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ «مەن ئۈچۈن تاغدىن تاغقا سەكرەپ ئۆتۈش ھېچ گەپ ئەمەس» دەپتۇ ـ دە، ئۆزى تۇرغان تاغدىن ئىككىنچى تاغقا قاراپ سەكرىگەن ئىكەن...


... تاغ جىلغىسى ئارىسىدىكى
توختام سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ.

بۇ بىر يۈرۈش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك باللار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com